# يول راۋانلاشتى، بەخت داۋاملاشتى

(بېشى 1 - بەتتە)

يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە، تۆمۈرنىڭ دادىسى رەھمەتۇل ئېرگەش كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ تۇنجى شۇجىسى بولۇپ، كەنتتىكى ئون نەچچە ئائىلىنى باشلاپ زېمىننى قوغداپ چېگرانى مۇھاپىزەت قىلغان، يەنە مۇنەۋۋەر چېگرا مۇھاپىزەتچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئالاقىدار تارماقلار تەرىپىدىن تەقدىرلەنگەن. ئۆيدە دادىسىنىڭ تەقدىرلەنگەن چاغدىكى سۈرىتى ھازىرغىچە ساقلاقلىق، ئۇ رەڭسىز سۈرەتتە، دادىسى قىرغىز مىللىتىنىڭ قالپىقىنى كىيگەن، پۇتىغا گوجەي يۆگىگەن بولۇپ، قارىماققا ئىنتايىن روھلۇق كۆرۈنەتتى.

تۆمۈرنىڭ دادىسى چېگرانى مۇھاپىزەت قىلغان ئاشۇ يىللاردا، شارائىت جاپالىق، تاغ يولى ئەگرى - بۈگرى بولۇپ، يول مېڭىش تەس ئىدى. تۆمۈرنىڭ ئېسىدە قېلىشىچە، دادىسى دائىم سەھەردە ئات مىنىپ، قويىنىغا بىر پارچە ناننى قىستۇرۇپ چىقىپ كەتكىنىچە، تا قاراڭغۇ چۈشكەندە ئاندىن ئۆيگە قايتىپ كېلەتتى. بىر قېتىم دادىسى خەۋەر يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئالدىراپ، ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈپ پۇتى سۇنۇپ كەتكەن.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولدى، نەچچە ئون يىل ئۆتۈپ كەتتى، تۆمۈرنىڭ دادىسى ئالەمدىن ئۆتتى، لېكىن چېگرانى مۇھاپىزەت قىلىش روھى ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىپ كەلدى، تۆمۈرنىڭ ئوغلى، قىزى، كۈيۈئوغلىنىڭ ھەممىسى چېگرا قوغدىغۇچى بولدى. 2019 - يىلى، تۈپتۈز ئاسفالت يول تاغنىڭ ئىچكىرىسىگىچە ياسالدى، چېگرا قوغدىغۇچىلارنىڭ قاتناش قورالى ئاتتىن موتوسىكلىتقا ئۆزگەردى. ئەسلىدىكى بىر كۈن مېڭىشقا توغرا كېلىدىغان تاغ يولىدا ھازىر بىر سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىتتا بىر قېتىم چارلىغىلى بولىدىغان بولدى.

ئاپتونوم رايوننىڭ «يەتتە بىر تۈركۈم» نامراتلارنى يۆلەش تەدبىرىنىڭ پايدىسىدا، چېگرا قوغدىغۇچىلارنىڭ ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ياردەم تولۇقلىمىسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى. ئاقجەيلى كەنتىدە 116 ئائىلىلىك 422 كىشى بار بولۇپ، چېگرا قوغدىغۇچىلار پۈتۈن كەنتتىكى ئەمگەك كۈچىنىڭ 54%نى ئىگىلەيدۇ، ھەممە ئائىلىدە دېگۈدەك چېگرا قوغدىغۇچى بار.

ئاسفالت يول ئىشىك ئالدىغىچە ياسىلىپ، كەنت ئاھالىلىرىنى تاشقى دۇنيا بىلەن زىچ باغلىدى. كەنت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، بۇ يىل 52 ياشقا كىرگەن پولات توختاسۇن ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: ئىلگىرى ناھىيە بازىرىغا بېرىپ كېلىش ئۈچۈن، ئات مىنىپ ئۈچ - تۆت كۈن مېڭىشقا توغرا كېلەتتى، كەچتە چارۋىچىلارنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالاتتۇق. ھازىر يول راۋانلاشتى، ئاپتوموبىلغا ئولتۇرۇپ بىر سائەتتىن كۆپرەك ۋاقىتتا يېتىپ بارالايمىز.

يول راۋانلاشتى، كاللىسى ئېچىلغان كەنت ئاھالىلىرى تېخىمۇ كۆپ تىرىكچىلىك يولىنى ئىزدەشكە باشلىدى. كەنت ئاھالىسى قۇربانئەلى تۇرات ئاۋۋال بىر پىكاپ سېتىۋالدى. يېقىندا يەنە 80 مىڭ يۈەن خەجلەپ بىر يۈك ئاپتوموبىلى سېتىۋېلىپ توشۇش بىلەن شۇغۇللاندى. ئۆيدىكى 12 قوتاز، 50 تىن ئارتۇق قويىنى بېقىشقا ھاۋالە قىلدى. قۇرباننىڭ خوتۇنى چېگرا قوغدىغۇچى، بۇ ئائىلە چېگرا قوغداش ياردەم تولۇقلىمىسى، يۈك توشۇش، باقمىچىلىق قاتارلىقلاردىن قىلىنغان كىرىملەرنى قوشقاندا، بىر يىلدا ئاز دېگەندىمۇ 100 نەچچە مىڭ يۈەن كىرىم قىلىدۇ.

راۋان بولغىنى پەقەت يوللا ئەمەس. 2019 - يىلى كەنتتە چوڭ تور توكى ئىشلىتىلىپ، ئىلگىرىكى نۇر ئېنېرگىيەسىگە تايىنىپ توك چىقىرىدىغان كۈنلەر ئاخىرلاشتى؛ ھەممە ئائىلىلەر تۇرۇبا سۈيى ئىچەلەيدىغان بولۇپ، ئەمدى دەرياغا سۇ ئالغىلى بارمايدىغان بولدى؛ كەڭ بەلباغنىڭ ئائىلىلەرگە كىرىشكە ئەگىشىپ، كەنت ئاھالىلىرى WIFI ئىشلىتىدىغان بولدى، يۇقىرى ئېنىقلىقتىكى تېلېۋىزور كۆرەلەيدىغان بولدى، يەنە توردىن مال سېتىۋېلىشنى ئۆگىنىۋالدى. «كىيىملىرىم، ئائىلىمىزدىكى كۈندىلىك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنىڭ كۆپىنچىسىنى توردىن سېتىۋالغان، ئەرزان، قولايلىق» دېدى بۇ يىل 20 ياشقا كىرگەن كەنت ئاھالىسى گۈلپەرى مەمەتتۇردى.

ئاقجەيلى كەنتىنىڭ چارۋىچىلىق، باقمىچىلىق ئەنئەنىسى بار، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ بېيىشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، شۇ جايدىكى ھۆكۈمەت كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئېگىزلىكتە قوتاز بېقىش كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشىنى تەشەببۇس قىلدى، كەنت بويىچە قوتاندا بېقىلىۋاتقان قوتاز 1200دىن ئاشتى. كەنت ئاھالىلىرى بىر تەرەپتىن، چېگرانى مۇھاپىزەت قىلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن، چارۋا بېقىپ، «قوتازلار توپ - توپ، كۈنلەر باياشات» تۇرمۇش كەچۈردى. 2018 - يىلى پۈتۈن كەنت بويىچە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئىشقا ئاشتى، 2019 - يىلى كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئوتتۇرىچە ساپ كىرىمى 12 مىڭ يۈەندىن ئېشىپ، 30 نەچچە ئائىلە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئاپتوموبىل سېتىۋالدى.

«بۇ يول چېگرانى مۇھاپىزەت قىلىش يولى بولۇپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى پارتىيەنىڭ ياخشى سىياستىدە نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش يولى، بېيىش يولى بولدى» دېدى 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنى، «بۈيۈك تاڭ راھىبى شۈەنزاڭ ئۆتكەن جاي» دېگەن تاش ئويما ئالدىدا تۇرۇپ ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىدىن ئاقجەيلى كەنتىدە تۇرۇشلۇق 1 - شۇجى بەي يۈنزېڭ ھاياجانلانغان ھالدا.

ئەمىن ئۆيدە ئولتۇرۇپ، ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىدىيەسىدىمۇ ئۆزگىرىش بولدى، سۈزۈك سۇ، يېشىل تاغنىڭ ئۆزى بىر بايلىق دېگەن ئىدىيە كىشىلەر قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالدى. يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيان، كەنت ئاھالىلىرى ئۆينىڭ ئالدى - كەينىگە 80 مىڭ تۈپتىن ئارتۇق كۆچەت تىكىپ ئورمان بىنا قىلدى، ئىلگىرىكى قاقاس ۋاخان كارىدورى يېشىللىققا پۈركەندى.

كۆپكۆك ئاسماندا، چوڭ - چوڭ بۇلۇتلار ئەركىن لەيلەپ يۈرەتتى، شامالدا ئىغاڭلاپ تۇرغان ئېگىزلىك سۆگەتلىرى پامىر ئېگىزلىكىگە چەكسىز يېشىللىق بېغىشلىغانىدى. چارۋىچىلارنى ئولتۇراقلاشتۇرۇش نۇقتىسىدا، ھەممە ئائىلىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا قىپقىزىل بەش يۇلتۇزلۇق قىزىل بايراق شامالدا يەلپۈنۈپ تۇراتتى. بوش ۋاقىتلىرىدا ساز چېلىپ ناخشا ئېيتىشنى ياخشى كۆرىدىغان قۇربانئەلى ئۆزى توقۇغان ناخشىنى ئېيتىدۇ: يۇرتىمىز سۈرەتتەك گۈزەللەشتى، بەخت يولىمىز راۋانلاشتى...

پامىر ئېگىزلىكىدە قارلىق تاغلار ھەيۋەتلىك ئىدى. «ۋاخان كارىدورىدىكى بىرىنچى كەنت»نىڭ كەنت ئاھالىلىرى بۇرۇنقىدەكلا چېگرانى مۇھاپىزەت قىلىپ، چېگرانى قوغدىماقتا، نامراتلىق ئۇلاردىن يىراقلاپ كەتتى، داغدام يول ئۇلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا ئاستا - ئاستا ئېچىلماقتا.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ھازىر، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نۇقتىلىق تاشيول تور قۇرۇلۇشى خادىملىرى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش تەدبىرلىرىنى ياخشى ئىشلەش بىلەن بىللە، قۇرۇلۇش مۇددىتىنى چىڭ تۇتۇپ، قۇرۇلۇش سۈرئىتىنى تېزلىتىپ، قۇرۇلۇشنىڭ قەرەلدە تاماملىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلماقتا.

شياۋساۋخۇدىن ئۈرۈمچىگىچە بولغان ئۆزگەرتىپ كېڭەيتىش قۇرۇلۇشىدا 7 - ئاينىڭ ئاخىرى پۈتۈپ قاتناش باشلاش تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈلىدۇ، نۆۋەتتە تور قۇرۇلۇشى ئاخىرلىشىش باسقۇچىغا كىردى. «بىز قۇرۇلۇش مۇددىتىنى چىڭ تۇتۇپ، قوشۇمچە ئەسلىھەلەرنى قۇرۇۋاتىمىز. قاتناش باشلانغاندىن كېيىن، شىنجاڭغا كىرىپ - چىقىشتىكى يۇقىرى سۈرئەتلىك يول ئوتتۇرا يولىنىڭ يۈرۈش ئىقتىدارى زور دەرىجىدە ئاشىدۇ» دېدى بۇ تۈرنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن قوماندانى گۇەن چېڭجياڭ.

ئۈرۈمچى - لوپنۇر يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى كونترول قىلىش قۇرۇلۇشى تيانشان غالبىيەت تونېلى ئىچىدە، ئىشچىلار قېزىش ئۈسكۈنىلىرى بىلەن مەشغۇلات قىلىپ جاسارەت بىلەن قېزىپ، تونېلنى ئاز - ئازدىن ئالدىغا ئۇزارتتى، نۆۋەتتە جەمئىي 1100 مېتىردىن ئارتۇق قازدى.

بۇنىڭدىن سىرت، باركۆل - مورى يۇقىرى سۈرئەتلىك يولى، ئۇلاستاي - تايكېشكېن تاشيولى، لاۋيېمياۋ پورتى - باركۆل تاشيولى قاتارلىق ئۆزئارا تۇتاشتۇرۇش تور قۇرۇلۇشلىرى تېز ئالغا سىلجىتىلدى؛ تېكەس - موڭغۇلكۈرە 1 - دەرىجىلىك تاشيولدا يېڭىدىن ئىش باشلىنىپ قۇرۇلۇش قىلىندى، نوم - خۇڭلىك، شاچۈەنزى - دۇڭيەنخۇ تاشيولى تۈرىنىڭ ئالدىنقى باسقۇچلۇق خىزمىتى ياخشى ئىشلەندى؛ دۆڭمازار - نىلقا، دولاتا پورتى - موڭغۇلكۈرە بۆلىكىدە مۇشۇ يىل ئىچىدە قاتناش باشلىنىشتىن ئۈمىد بار.

بۇ يىل، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ قاتناش قۇرۇلۇشىنىڭ ئاساسلىق كۆزلىمە نىشانى قاتناش - ترانسپورت تۇراقلىق مۈلكىگە 54 مىليارد 200 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىشنى تاماملاش، تاشيول تۈرىدىن 49نى پىلانلاپ يولغا قويۇش. نۆۋەتتە، ھەرقايسى تاشيول قۇرۇلۇشى تۈرلىرىنىڭ ئىلگىرىلىشى ئوڭۇشلۇق بولۇپ، قۇرۇلۇش قىلغۇچىلار چىڭ تۇتۇپ قۇرۇلۇش قىلىپ، «شىنجاڭنىڭ ئىچىنى ھالقىسمان تۇتاشتۇرۇش، شىنجاڭغا كىرىپ - چىقىشنى تېزلىتىش» نىشانىنى تېز ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولدى.

---

مۇداپىئەلىنىش كۆرسەتمىسى

مۇتەخەسسىس مۇنداق ئەسكەرتتى:

# نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرتكەندە شەخسىي مۇداپىئەلىنىشنى ياخشى ئىشلەش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **لى چۈنشيا، جاۋ چۈنخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەشنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، يېقىندا، ئۈرۈمچىنىڭ پۈتۈن شەھەر دائىرىسىدە تۈركۈمگە بۆلۈپ نوكلېئىك كىسلاتاسىنى ھەقسىز تەكشۈرۈش خىزمىتى تەرتىپلىك قانات يايدۇرۇلدى. ئۈرۈمچى شەھەرلىك سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتىنىڭ مۇدىرى جاڭ ۋېي شەھەر ئاھالىلىرىگە نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرتكەندە، شەخسىي مۇداپىئەلىنىشنى ياخشى ئىشلەشنى ئەسكەرتتى.

جاڭ ۋېينىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ئۈرۈمچى شەھىرى ھەرقايسى رايونلاردا بىرقانچە ئەۋرىشكە ئېلىش نۇقتىسى تەسىس قىلىپ، مەھەللە ئاھالىلىرىنى تەرتىپلىك تەكشۈرۈشكە تەشكىللەيدىكەن. شەھەر ئاھالىلىرى تۇرۇشلۇق مەھەللىنىڭ ئۇقتۇرۇشىدىكى تەلەپ بويىچە بەلگىلەنگەن ئەۋرىشكە ئېلىش نۇقتىسىدا ئەۋرىشكە ئېلىشقا قاتنىشىپ، شەخسىي مۇداپىئەلىنىشنى ياخشى قىلىپ، بىر مېتىر بىخەتەر ئارىلىق ساقلاپ، ئولىشۋالماي، توپلىشۋالماي، نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىگە تەرتىپلىك ماسلىشىشى كېرەك ئىكەن.

جاڭ ۋېي شەھەر ئاھالىلىرىگە نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرتكەندە تۆۋەندىكى ئىشلارغا دىققەت قىلىشنى ئەسكەرتتى: نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرتۈشتىن ئىلگىرىكى ئىككى سائەت ۋاقىت ئىچىدە تاماق يېمەسلىك، تەكشۈرۈش نەتىجىسىگە تەسىر يېتىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئەۋرىشكە ئېلىشتىن ئىلگىرىكى 30 مىنۇت ئىچىدە تاماكا چەكمەسلىك، ھاراق ئىچمەسلىك ۋە سېغىز چاينىماسلىق كېرەك؛ گىرەلىشمە يۇقۇملىنىش خەۋپ - خەتىرىنى تۆۋەنلىتىش ئۈچۈن، بارلىق تەكشۈرتكۈچىلەر ماسكا تاقىشى ھەمدە بىرنى زاپاس تەييارلاپ، ئەۋرىشكە ئېلىش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئالماشتۇرۇشى كېرەك؛ بۇرۇن - يۇتقۇنچاق پەلكۈچى بىلەن ئەۋرىشكە ئېلىشتىن ئىلگىرى، تەكشۈرتكۈچىلەر ئەۋرىشكە ئالدىغان خادىملارغا بۇرۇن ئوتتۇرا پاسلى ئېگىلىش ياكى بۇرۇن بوشلۇقى ئوپېراتسىيەسى تارىخى بار - يوقلۇقىنى ئېيتىشى كېرەك، ئەۋرىشكە ئېلىش جەريانىدا بۇرۇن قىچىشىش، غىدىقلىنىپ چۈشكۈرۈش كۆرۈلۈشى مۇمكىن، بۇ چاغدا دەرھال قەغەز ياكى جەينەك بىلەن توسۇۋېلىش كېرەك؛ نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرتۈشنىڭ ئالدى - كەينىدە قول تازىلىقىغا دىققەت قىلىش، يۇيۇۋېتىش ھاجەتسىز دېزىنفېكسىيە سۇيۇقلۇقى ياكى يۇيۇۋېتىش ھاجەتسىز ئىسپىرت بىلەن قولنى سۈرتۈپ پاكىزلاش؛ ئەۋرىشكە ئالغاندا ئادەم بىلەن ئادەم ئوتتۇرىسىدا بىر مېتىردىن ئارتۇق ئارىلىق ساقلاش؛ ئەۋرىشكە ئالغان ھەم دوكلاتنى ئالغاندا جەزمەن كىملىكنى ئېلىپ كېلىش كېرەك.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

1600دىن ئارتۇق تېببىي خىزمەتچى ئاجرىتىپ، دۆلەت سەھىيە - ساغلاملىق كومىتېتى ئون ئۆلكە، شەھەردىن تەشكىللىگەن ئون نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش - داۋالاش ئەترىتىدىكى 200دىن ئارتۇق ئادەم بىلەن بىرلىكتە، رايون (ناھىيە)نى بىرلىك قىلىپ، پۈتۈن شەھەردە نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنى قانات يايدۇردى. «تەكشۈرۈشكە تېگىشلىكلەرنى تولۇق تەكشۈرۈش» خىزمەت تەلىپى بويىچە، ئۈرۈمچى شەھىرىدە ھازىر مەركەزلىك ئايرىپ تېببىي كۆزىتىلىۋاتقانلار ۋە ئائىلىدە ئايرىپ تېببىي كۆزىتىلىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسىنىڭ يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى بويىچە نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش خىزمىتى تاماملاندى.

ئۈرۈمچى شەھەرلىك كېسەللەرنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەركىزى پارتىيە باش ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، مۇدىر رۇي باۋلىڭنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، ئۈرۈمچى شەھىرىدە ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى ۋە كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلارنىڭ سانى كۆپەيگەن بولسىمۇ، لېكىن ھەممىسى ئايرىپ تېببىي كۆزىتىلىۋاتقانلاردىن كۆرۈلگەن بولۇپ، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ زىيادە ئالاقزادە بولۇشىنىڭ ھېچقانداق زۆرۈرىيىتى يوق ئىكەن. نۆۋەتتە يۇقۇم مەنبەسىنى مەنبەدىن تەكشۈرۈش خىزمىتى ئېلىپ بېرىلىۋېتىپتۇ، ئۈرۈمچى شەھىرى تارقىلىش چانى كېسەللىك ئىلمى بويىچە تەكشۈرۈش سالمىقىنى يەنىمۇ زورايتىپ، كېسەللىك مەنبەسىنى تېزدىن تەكشۈرۈپ ئېنىقلاپ، يۇقۇمنىڭ يامرىشىنى قەتئىي تىزگىنلەيدىكەن.

يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش - تىزگىنلەش مەزگىلىدە، ئۈرۈمچى شەھىرى داۋالىنىش سۇغۇرتىسى بويىچە خەلققە قولايلىق بىرقاتار تەدبىرلەرنى يولغا قويدى. بىر تەرەپتىن، سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەلگە گىرىپتار بولغان ئاغرىقلارنىڭ دورا سېتىۋېلىش ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئۇزاق مۇددەتلىك رېتسېپ ئىشلىتىشنى باشقۇرۇشقا ئالاقىدار بەلگىلىمىنى داۋاملاشتۇرۇپ، يۇقىرى قان بېسىمى، قەنت كېسىلى قاتارلىق سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەلگە گىرىپتار بولغانلاردىن دىياگنوز قويۇپ داۋالانغان دوختۇرخانىدىكى دوختۇرلارنىڭ باھالىشى ئارقىلىق، كېسەللىك ئەھۋالى مۇقىملاشقان دورا ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ رېتسېپلىق دورا ئىشلىتىش مىقدارىنى ئۈچ ئايغا ئۇزارتىپ، سۇغۇرتىغا قاتناشقان ئاغرىقلارنىڭ دورا ئىشلىتىشىنىڭ ئۈزۈلۈپ قالماسلىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەلگە ئىشلىتىلىدىغان دورىلارنى پارچە ساتىدىغان بەلگىلەنگەن 68 دورىخانا دورا بىلەن تەمىنلەش مۇلازىمىتىنى سىجىل ياخشى ئىشلەپ، ئاغرىقلارنىڭ دورا ئىشلىتىش ئېھتىياجىغا كاپالەتلىك قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن، ئۈرۈمچى شەھىرى داۋالاش سۇغۇرتىسى كەسپىنى بېجىرىش مۇددىتىنى ئۇزارتىش، يان تېلېفوندا بېجىرىش، تېلېفون قىلىپ بېجىرىش، پوچتىدىن ئەۋەتىپ بېجىرىش، ۋاقتىدا بېجىرىش، خەلققە قولاي بېجىرىش، ئالدىن كېلىشىپ بېجىرىش قاتارلىق «يەتتە بېجىرىش»تىن ئىبارەت خەلققە قولاي مۇلازىمەتنى يولغا قويۇپ، سۇغۇرتىغا قاتناشقان ئاممىنىڭ داۋالىنىش سۇغۇرتىسى كەسپىنى بېجىرىشكە قولايلىق ياراتتى.

يۇقۇم مەزگىلىدىكى مال باھاسىنىڭ مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، شەھەر ئاھالىلىرىنىڭ مەنپەئەتىنى قوغداش ئۈچۈن، يېقىندا ئۈرۈمچى شەھەرلىك بازار نازارەت قىلىش - باشقۇرۇش ئىدارىسى يەتتە تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى قۇرۇپ، يېزا بازىرى (قەرەللىك بازار)، سودا ساراي (تاللا بازىرى)، يېمەك - ئىچمەك دۇكىنى، كۆكتات (ئاشلىق، ياغ، قوشۇمچە يېمەكلىكلەر) دۇكىنىنىڭ سېتىۋېلىش يوللىرى، مەھسۇلات سۈپىتى ۋە سېتىش باھاسىنى نۇقتىلىق تەكشۈرۈپ، مەھەللىلەر ۋە ئاھالىلەر ئولتۇراق رايونلىرىدىكى كۆكتات دۇكانلىرىنىڭ باھاغا ئائىت قانۇنغا خىلاپ قىلمىشلىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش سالمىقىنى زورايتىپ، پارچە سېتىش بۆلىكىدىكى باھانىڭ ئۆسۈش ھەجمىنى تىزگىنلىدى. توپ سېتىش بازارلىرىنى نازارەت قىلىپ تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، توپ سېتىش باھاسىنى قاتتىق كونترول قىلىپ، مال باھاسىنىڭ تەكشى، مۇقىم بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، دورا تىجارىتى قىلىدىغان، ئىشلىتىدىغان 232 ئورۇنغا قارىتا نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈشنى يولغا قويۇپ، ۋىرۇسقا تاقابىل تۇرۇش تۈرىدىكى دورىلار، ماسكا، ئىسپىرت قاتارلىق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ماددىي ئەشيالىرىنىڭ كېلىش مەنبەسى ئېنىق بولۇش، سۈپىتى لاياقەتلىك بولۇش، تەمىنلەش تولۇق بولۇش، باھاسى مۇقىم بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

---

(بېشى 1 - بەتتە)

ئوتتەك قىزىغان تونېلسىمان تونۇرغا ئىتتىرىپ كىرگۈزۈپ پىشۇردى. 15 مىنۇتتىن كېيىن، ئالتۇندەك سارغىيىپ پىشقان نانلار تونۇردىن چىقىرىلىپ، ئوراش - قاچىلاش سېخىغا يۆتكەپ كېتىلدى.

«بۇ تونېلسىمان تونۇرنىڭ ھۈنەر - سەنئىتى ۋە تېمپېراتۇرىسى قاتارلىق كۆرسەتكۈچلەر يەرلىك تونۇرغا تەقلىد قىلىنغان بولۇپ، نان پىشۇرۇش ئۈنۈمى ۋە سۈپىتى ئۆستۈرۈلگەن. تونۇردىن يېڭى چىققان نان بەك يېيىشلىك، تېتىپ بېقىڭلار!» دېدى بۇ نان مەدەنىيىتى كەسپلەر باغچىسىنى بەرپا قىلغان شىنجاڭ سىلۇ يۈەنجياڭ نان مەدەنىيىتى كەسپىي چەكلىك شىركىتى كارخانا پىلانلاش بۆلۈمىنىڭ باش نازارەتچىسى لو رۈي قىزغىنلىق بىلەن چاقىرىپ.

بىر تۈرنىڭ كېلىشىم ئىمزالانغاندىن تارتىپ پۈتۈپ ئىشقا كىرىشتۈرۈلۈشىگىچە، قانچىلىك ۋاقىت كېتىدۇ؟ «ئالتە ئاي!» لو رۈينىڭ ئېيتىشىچە، بۇ، شېنجېندىن كەلگەن ئۇنىڭغا سانجىنىڭ ئىش بېجىرىش سۈرئىتىنى ھېس قىلدۇرۇپتۇ.

سانجىدىكى ئۈششاق يېمەكلىكلەر كوچىسىغا جايلاشقان «دەيدېخېن» مەنزىرە نان دۇكىنىدا، دۇكاندار شى فاڭ خېرىدارلارنى كۈتۈش بىلەن ئالدىراش ئىدى. «نان دۇكىنىنىڭ ئىجارىسى ۋە مۈلۈك باشقۇرۇش ھەققى يوق، نان يېقىشىمىز ۋە مال كىرگۈزۈشىمىز ھاجەتسىز، ھەممىسىنى كەسپلەر باغچىسى بىرتۇتاش تەقسىملەپ يەتكۈزۈپ بېرىدۇ، ھەر كۈنى 300 - 200 يۈەنلىك ساتالايمىز» دېدى شى فاڭ مۇخبىرلارغا. نان دۇكىنىدا نەچچە ئون خىل نان ۋە سامسا سېتىلغاندىن باشقا، كېيىنچە يەنە باشقا يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرى سېتىلسا، كەلگۈسىدە كىرىمى ياخشى بولىدۇ.

لو رۈي مۇنداق تونۇشتۇردى: سانجى شەھەرلىك ھۆكۈمەت كارخانىنىڭ «دەيدېخېن» تاۋار ماركىسىنى رويخەتكە ئالدۇرۇشىغا ياردەم بەردى. شىركەت 10 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىپ، 100 مەنزىرە نان دۇكىنى بەرپا قىلدى، ئالاقىدار تارماقلار ئۇياق - بۇياققا قاتراپ سودا مەركىزى ۋە چوڭ تىپتىكى ئولتۇراق رايونلاردا ئورۇن تاللاشنى ماسلاشتۇرۇشقا ياردەملەشتى، نۆۋەتتە 38 دۇكان تىجارەتكە كىرىشتۈرۈلدى. كەسپلەر باغچىسى كۈنىگە تۈرلۈك ئۆزگىچە ناندىن 100 مىڭنى پىشۇرالايدۇ، يىللىق مەھسۇلات قىممىتى 120 مىليون يۈەنگە يېقىنلىشىدۇ، تەخمىنەن 300 ئادەمنى قوبۇل قىلىپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرالايدۇ.

سانلىق مەلۇماتتا كۆرسىتىلىشىچە، بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا سانجى شەھىرى ئىشقا ئاشۇرغان رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 19 مىليارد 300 مىليون يۈەن بولۇپ، بۇلتۇرقى ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 3% ئەتراپىدا ئاشقان. بۇنىڭ ئىچىدە، 2 - كەسىپنىڭ 5 مىليارد 200 مىليون يۈەن بولۇپ، 3.6% ئاشقان؛ 3 - كەسىپنىڭ 13 مىليارد 200 مىليون يۈەن بولۇپ، 3.1% ئاشقان.

شىنجاڭ خۇيجيا شىدەي تۈرلۈك ماللار پاي چەكلىك شىركىتىنىڭ مۇدىرى، سانجى رايونى باشقۇرۇش مەركىزىنىڭ باش دىرېكتورى شى يىنلاڭنىڭ قارىشىچە، كەسپ سانلىق مەلۇماتىنىڭ ئۇدا ئېشىشى شۇ جايدىكى ھۆكۈمەتنىڭ ئەمەلىي تەدبىرلەر بىلەن تىرەك بولۇشى ۋە تىجارەت - سودا مۇھىتىنى كاپالەتلەندۈرۈشىدىن ئايرىلالمايدىكەن. بۇ يىل، سانجى شەھىرى تىجارەت - سودا مۇھىتىنى ئەلالاشتۇرۇشقا دائىر 20 تۈرلۈك تەدبىر ۋە كارخانىچىلارغا كۆڭۈل بۆلۈش، غەمخورلۇق قىلىشقا دائىر 13 تۈرلۈك تەدبىرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتقا يېڭى ھاياتىي كۈچ قوشتى. خۇيجيا شىدەي سانجى دۇڭفاڭ دۇكىنى تاللا بازىرى 3 - ئاينىڭ 3 - كۈنى ئىشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ تىجارەت باشلىدى، سانجى شەھەرلىك ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئىدارىسى ئىش ئورنىنى مۇقىملاشتۇرۇش ياردەم تولۇقلىمىسىنى ۋاقتىدا تارقىتىپ بەردى. يۇقۇمنىڭ سودىگەرلەرگە كەلتۈرىدىغان تەسىرىنى ئەڭ زور دەرىجىدە ئازايتىش ئۈچۈن، شىنجاڭ خۇيجيا شىدەي قارىمىقىدىكى سانجى رايونىدىكى بارلىق ئىجارە ئالغان سودىگەرلەردىن بۇ يىل 2 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن 3 - ئاينىڭ 31 - كۈنىگىچە بولغان مەزگىلدىكى جەمئىي 60 كۈنلۈك ئىجارە پۇلى ۋە مۈلۈك باشقۇرۇش ھەققىنى كەچۈرۈم قىلىپ، سانجى رايونىدىكى تۆت سودا سارايدىكى 1085 ئىجارە ئالغان سودىگەرگە مەنپەئەت يەتكۈزدى، كېمەيتىلگەن، كەچۈرۈم قىلىنغان ئومۇمىي سومما 13 مىليون 468 مىڭ 100 يۈەنگە يەتتى.

«بىر كەسپلەر باغچىسى تەرەققىي قىلىپ بىر كەسپلەر توپىغا ئايلىنىشى مۇمكىن. ھازىر سانجى شەھىرى كۆپ يۆنىلىشتىن كۈچەپ، ھەر قايسى كەسپ زەنجىرلىرىنى چىڭىتىپ، ئىقتىسادنىڭ ئېشىش ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى تېز توپلىماقتا.» قولدىكى نان مەدەنىيىتى كەسپلەر باغچىسىنىڭ يىرىك پىلان خەرىتىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ، سانجى شەھەرلىك تىجارەت - سودا مۇھىتى مۇلازىمەت مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى شۇ جىجۈن مۇنداق دېدى: «ياخشى كەسپ ياخشى تۈردىن ئايرىلالمايدۇ، ياخشى تۈر ياخشى مۇلازىمەتكە موھتاج، بىز تىجارەت - سودا مۇھىتىنى سىجىل ياخشىلاپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلىمىز».